# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 6 - ئاي

4

پەيشەنبە

维吾尔文 6 月4日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25082 - سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركىل بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كەچتە گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركىل بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ بىزنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان ئۈچىنچى قېتىم تېلېفونلىشىشىمىز، بۇ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى يۇكسەك سىياسىي ئىشەنچ ۋە زىچ ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقۇم مەسىلىسىدە ئوبيېكتىپ ئىدراكىي مەيداندا ۋە ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيەسىدە چىڭ تۇرغانلىقىنى تەرىپلەيدۇ. جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى ئورتاق قوللاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى قاتارلىق رامكىلار ئىچىدە خەلقئارا ھەمكارلىققا تۈرتكە بولۇشنى؛ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى ئورتاق قوللاپ، يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلىشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق كۆرسەتتى: كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئالدىن سىگنال بېرىش، ئاۋاز قوشۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، مۇداپىئە تورىنى زىچ توقۇپ، ئايرىش تېمىنى مۇستەھكەملىگەن ۋە پۇختىلىغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنى ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ئەلا بىلىش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى ھەقىقىي قوغدايمىز.

### خەلقنى ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ئەلا بىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىمىز

«باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىدە، بىز خەلقنى ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى بايلىقلارنى يۆتكەپ توپلاپ، كەڭ كۆلەملىك قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى قانات يايدۇرۇپ، بىرمۇ يۇقۇملانغۇچىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق، ھەربىر ئاغرىقتىن ۋاز كەچمىدۇق. بۇ ھەقتە مەن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە.» ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى زىبەك پېڭخۇا مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كەسكىن تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، خەلققە بولغان سەممىي ھېسسىياتى نېمىنىڭ «ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلققە تايىنىش» ئىكەنلىكىنى تولۇق شەرھلەپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى داۋالاش مەمۇرىيىتى ۋە داۋالاشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى مو لياڭ مۇنداق دېدى: تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۇسۇش زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدىن ئىبارەت بۇ «جۇڭگونىڭ جاۋاب قەغىزى»دە، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلقنى ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ئەلا بىلىشتەك چوڭقۇر ھېسسىياتىنى كۆردۇق.

شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى نەپەس ۋە ئېغىر كېسەللەر تېببىي مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گوۋ ئەنشۇەن مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلايلى

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ ئۇل تېشى، ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقى جەمئىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى.

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن مۇھىم سۆز قىلدى. باش شۇجى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىستراتېگىيەسى يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى كۆزلەپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، سەھىيە - ساغلاملىق ئىشلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ۋە رولىنى مۇپەسسەل شەرھلەپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئالدىن سىگنال بېرىش، ئاۋاز قوشۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، مۇداپىئە تورىنى زىچ توقۇش، ئايرىش تېمىنى مۇستەھكەملەش، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق بايان قىلدى. سۆزنىڭ مەزمۇنى يۇكسەك، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتتە تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى سەھىيە - ساغلاملىق ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، سەھىيە - ساغلاملىق ساھەسىدىكى ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ھەر ۋاقىت ئالدىنى ئېلىپ، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ساغلاملىقىنى ھەقىقىي قوغداشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر - ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ۋەزىپىسى. پارتىيە ۋە دۆلەت باشتىن - ئاخىر سەھىيە ۋە ساغلاملىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنىڭ ساغلاملىقى، بەخت - سائادىتىنى ئىلگىرى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



# ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل 8 مىليارد 510 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزدى - ياردەم بەردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى لىن** خەۋەر قىلدۇ: «ھازىر پۈتۈن ئائىلىمىزدىكى تۆت جان تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدۇق، بىزنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىمىز كاپالەتكە ئىگە بولدى» دېدى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئاقيار بازىرى تۆۋەنكى كۆچۈرمە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھۆرگۈل ئابدۇكېرىم تېلېفوندا مۇخبىرغا.

ھۆرگۈلنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس بولۇپ، باللىرىنىڭ ھەممىسى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، ئۇ ئاچقان تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ تىجارەت سوممىسى تۆۋەنلەپ، كىرىمى ئازىيىپ، تۇرمۇشى بىردىنلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسى ئائىلىلەرگە كىرىپ ھۆرگۈل ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇلارغا تۆۋەن كاپالەت بېجىرىپ بەردى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىز «كۈچلۈك، يادرولۇق» تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا چىقىرىپ، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزدى. «بىز تۆۋەن كاپالەتنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش ئارقىلىق ‹يەككە نوپۇس›، ‹تەدرىجىي چېكىندۈرۈش مۇددىتى›، ‹ئالدىن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش›، ‹باھا ياردەم تولۇقلىمىسى› قاتارلىق بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# بىگىتۆەننىڭ بەش چوڭ تەدبىرى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى مۇقىملاشتۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ شاۋيەن** خەۋەر قىلدۇ: بىگىتۆەن يېقىندا «ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا مەدەت بېرىش، تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى يارىتىش، ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەشكىلىي كاپالەتنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە قاراتمىلىققا ئىگە سىياسەت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇردى ۋە ئىلگىرى سۈردى.

«يولغا قويۇش پىكرى»گە ئاساسەن، بىگىتۆەن كارخانىلارغا ياردەم بېرىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرىدىكەن. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققى نىسبىتى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى ھەققى نىسبىتىنى باسقۇچلۇق تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، يولغا قويۇش مۇددىتىنى 2021 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئۇزارتىدىكەن. ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغانلارغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى قايتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، خادىم قىسقارتمىغان ياكى ئاز قىسقارتقان ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا قايتۇرۇش ئۆلچىمى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا كارخانا ۋە ئۇنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئالدىنقى يىلى تاپشۇرغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققىنىڭ 100%ىگىچە يەتكۈزۈلسە بولىدىكەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 89 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلدۇ: 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 89 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. 2020 - يىللىق مەخسۇس تېمىدا سوئال سوراشقا ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلات، 2020 - يىللىق تىيانشان مۇھت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش لايىھەسى دوكلاتى قاتارلىقلارنى ئاڭلاپ ئۆتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي كېڭەش سىستېمىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدىكى مۇھىم سۆزلىرى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى

# سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ، مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلدۇ: 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش سىن يىغىنى ئېچىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدىكى مۇھىم سۆزلىرى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىدا ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنى تېز كۆتۈرۈلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىن يىغىنى ئاچتى

# دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلدۇ: 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىن يىغىنى ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



يازلىق يايلاق كۆچۈش

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، چارۋىچىلار قوي پادىسىنى ھەيدەپ يايلاق كۆچمەكتە. ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ باشلىرى چاغانتوقاي ناھىيەسى قارابۇرا يېزىسىنىڭ يازلىق يايلاق كۆچۈش مەزگىلى بولۇپ، چارۋىچىلار كالا، قويلارنى ھەيدەپ، تۆگىلەرنى يېتىلەپ ئارقا - ئارقىدىن يازلىق يايلاققا كۆچىدۇ. يازلىق يايلاقتا «كەڭ كۆلەمدە كۆچۈش» يايلاقتىكى بىر يارقىن مەنزىرە.

☐ ياڭ خۇاگۇاڭ فوتوسى